# بۇ سۆيگۈنىڭ غۇنچىسىمىدۇ؟

## شىياھ شېئىرلار توپلىمى

گۈلنۇر ئابلىتىپ ( شىياھ)

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# ئاپتور ھەققىدە



گۈلنۇر ئابلىتىپ (شىپاھ)

يىتىلىۋاتقان ،ياش ،تالانتلىق يازغۇچى، شائىرە گۈلنۇر ئابلىتىپ شىپاھ 1989 ـ يىلى11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاتۇش شەھرىنىڭ سۇنتاغ يېزىسىنىڭ ۋاق ـ ۋاق كەنتىدىكى مەرىپەتۋەر دىھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاتۇش شەھىرىدە تاماملىغان.

2009 ـ يىلى شىئەن تىببىي ئۇنىۋېرستېتى ئەلا نەتىجىدە پۈتتۈرۈپ، 2010 ـ يىلى ئاقتۇ ناھىيەلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە چۈشكەن. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ، بۇ دوختۇرخانىدا ئىشلەپ كەلمەكتە.

ياش شائىرە گۈلنۇر ئابلىتىپ كىچىكىدىن ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن يېزىقچىلىقنى تاشلىماي تىرىشىش نەتىجىسىدە 2011 ـ يىلى قىزىلسۇ ئەدەبىياتىدا ئېلان قىلغان «دۇنيادا ھەممىدىن ئانا بولماق تەس»ناملىق شېئىرى ئەسىرى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان شېئىر، نەسىر، ھېكايە قاتارلىق ژانىرلاردا 300پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان بولۇپ بۇلاردىن : كۆلدىرەي دەيمەن، ئاياللار، باللىغىم چۈش بولدى ئەپسۇس، يېڭى يىلدا يېڭىچە ھايات، سالام مۆھتەرەم ئۇستازىم، سىڭلىمغا خەت..... ئانىلار بالا بولغاندا قاتارلىق 150پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، نەسىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا چىقىدىغان «شىنجاڭ ئاياللىرى ژورنىلى»«قىزىلسۇ ئەدەبىياتى»«تۇرپان گېزىتى»«ئىلى كەشلىمەك گېزىتى»«ئاقسۇ گېزىتى»«قاراماي گېزىتى» قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك گېزىت، ژورناللاردا ئېلان قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

قولىڭىزدىكى « بۇ سۆيگۈنىڭ غۇنچىسىمىدۇ» دېگەن بۇ كىتاپ شائىرەنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمى خالاس.

بىز بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ھالەتتە شائىرەنىڭ شېئىر ـ ھېكايە نەسىرلىرىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشىغا قولاي بولسۇن ئۈچۈن ئېلكىتاپ شەكلىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنىماقچى.

**1**

## بۇ سۆيگۈنىڭ غۇنچىسىمىدۇ؟

بىز تونۇشقان شۇ كۈندىن بېرى،
يوقلاپ ئۆتتى شاتلىق ھەر كۈنى.
يۈلتۇزلارمۇ كۆز قىستى بەس ـ بەس
چۈشلىرىمدە بار سەن ھەر تۈنى.

كۈرۈشسەكمۇ كۈندىلا دىدار،
سىنى يەنە كۆرگۈم كىلىدۇ.
ھاياجاندىن سەكرەيدۇ يۈرەك.
بۇ سۆيگۈنىڭ غۇنچىسىمىدۇ؟

بۇ سۆيگۈنىڭ غۇنچىسىمىدۇ،
ئىچىلارمۇ گۈلدەك پورەكلەپ.
بىز بىرەيلى جۇدۇنغا بەرداش،
يۈرۈگۈمدە بولدۇڭ چىچەكلەپ.

كۆزلىرىڭگە ھەر باققىنىمدا،
كۈرىنىدۇ گۈزەل كىلەچەك.
سۆيگۈ ۋىسال قۇچىدۇ جىنىم،
ئىچىلغاندا باغلاردا چىچەك.

**2**

## باللىقىم چۈش بولدى ئەپسۇس،

شوخ غۇبارسىز ئوماق باللىق،

ئەسلىمەمدە چاقنىدىڭ بۇدەم.
ئويلىغانچە مەسلىكىم كىلىپ،
خىياللىرىم جانلىنار ھەردەم.

ئوينار ئىدۇق قىيادا، دۆڭدە،
غەمسىز ئىدى باللىق چاغلار.
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنىپ،
پەرىقلەنمەي ئوغۇل ھەم قىزلار.

«ئاق تېرەك...» دەپ ئويناپتۇق ھەر كەچ،
ھېس قىلمايتۇق ھېچ قاچان چارچاش.
ھارغىن بولۇپ قۇرساق ئاچسىمۇ،
ئۇيۇنلارغا بولغاچ ئىچىرقاش.

گۈگۈم پەيتى يىتىپ كەلسىلا،
يىغىلاتتۇق شۇ كونا جايغا.
باشلىنۇەتسەك قاپاق تېرەكنى،

سادايىمىز تاراپ يىراققا.

سەبى خىيال، شۇ سادىدا ھېسلار،
يۈرىكىمگە كەتكەچكە ئورناپ.
ھېس قىلىمەن تېخى تۈنۈگۈن،
يۈرەتتىمغۇ كېپىنەك قوغلاپ.

ئوينىغىم بار ئاخىرقى بىر رەت،
دوسلار بىلەن تۈپىلىق دۆڭدە.
ئاكام ياساپ بەرگەن لەگلەكنى،
ئۇچۇرغۇم بار چەكسىز پەلەكتە.

ئەسكە ئالسام غەمسىز شۇ چاغنى،
باللىقتا قايتقىم بار يەنە.
كۆز ئالدىمدا يۈرتنىڭ سىماسى،
خىيالىمدا گۈزەل ئەسلىمە.

بىز ئوينىغان تۇپىلىق دۆڭدە،

باللىقىم ئايلاندى چۆشكە.

بىللە ئويناپ يۈرگەن شۇ دوسلار،

چېچىلىپتۇ ھەر - ھەر تەرەپكە.

باللىقىم چۈش بولدى ئەپسۇس،

مانا ئەمدى قىرانلىق ئارا.

ئۆتكەن ئۆمۈر گويا ئاتقان ئوق،

كەچمىشلەردىن دىل بولدى يارا.

**3**

## يۈشۈرمىغىن قايغۇللىرىڭنى

يۈشۈرمىغىن قايغۇللىرىڭنى،

زورلاپ كۈلۈش نەقەدەر ئازاب.

يىغلىۋالغىن توسما يېشىڭنى،

ھەقىقەتنى ئەتمىگىن خاراب.

ياش تۆكۈش ھېچ ئاجىزلىق ئەمەس،
ۋۇجۇدۇڭدا پەسلەيدۇ ۋولقان.
پىنھانلاردا تولۇقلا ھارغىچە،
يۈرىكىڭگە پاتمىسا چۇۋقان.

تۇسالمايدۇ قۇياشنى ئىتەك،
ساختا كۈلكە ئازابىڭنى ھەم.
يىغلاپ بولۇپ تىلىگىن تىلەك،
ھاياتىڭنى خۇراتمىسۇن غەم.

قۇيۇپ بەرگىن ئازابلىرىڭنى،
يۈرىكىڭدىن ئايرىلسۇن بىرلەپ.
بىيسىملارنىڭ قۇربانى بولۇپ،
كۆمۈپ قويما ئۈمۈدنى دۆملەپ.

مېھرلەردىن كەچمەيدۇ دۇنيا،
شاتلىق ھامان سۆيەر يۈزىڭنى.
ئويلىمىغىن ئۆزىڭنى تەنھا،
تاپالايسەن بەخت يولۇڭنى.

4

## يار چۈشۈمگە ئاشىق بولدىڭمۇ؟

ۋىسالىڭنى كۈتكىلى نىكەم،
قەيەرلەردە يۈرىيسەن ئەركەم.
قاچان قايتىپ كىلىسەن ئېيتقىن؟
ھاياتىمدا پەقەت سەنلا كەم.

ھىجرانىڭدا پۈچۈلغان يۈرەك،
چۈشلىرىمدىن تاپىدۇ تەسكىن.
«ۋىسالىڭدا كۈلسە قاقاقلاپ»

ئۆيغۇنۇپلا بۇلدۇ مىسكىن.

ئويغىنىپلا شېرىن چۈشۈمدىن،
كۆزلىرىمدە لىق ياش، كۆردىڭمۇ؟
چۈشلىرىمگە كىرىپ ھارمايسەن،
يار چۈشۈمگە ئاشىق بولدىڭمۇ؟

**5**

## ئۇ سەنمۇ

خىيالىمنى ئەركىلىتىپ شوخ شامال،
ساچلىرىمنى تاراپ ئۆتتى بىمالال.
تاتلىق سىزىم قىلدى مېنى دەم قامال،
ئېيتە جېنىم سۆيۈپ ئۆتكەن ئۇ سەنمۇ؟

مەمنۇنلۇقتىن تامچا ئاقتى كۆزۈمدىن،
ئۆزۈن بولدى كۆلكە قاچتى يۈزۈمدىن.

تاما بىلەن ئۆتتى كۈنۈم ھېسسىمدىن ،
يامغۇر بولۇپ تەڭ يىغلىغان ئۇ سەنمۇ؟

نەچچە غۇلاپ چۈشتىم پەسلەر قەستىدىن ،
بىلمەك قىيىن چىرايىدىن ، ھۆسنىدىن .
ئارمانلىرىم ئۇزىسە ئۇمۇد ۋەسلىدىن ،
تۇر!غا نىدا قىلغان جېنىم ئۇ سەنمۇ؟

ۋۇجۇدۇمدا قۇترىغاندا جۇت سوغوق ،
ھەسرەتلەردىن يۈرىگىمگە تىگىپ ئوق .
نالە قىلسام تاپالماستىن تالچە چوغ ،
بولۇت يىرىپ چىققان قۇياش ئۇ سەنمۇ؟

قاردىن ھۇزۇر ئالماق بولۇپ سەيلىدە ،
دەسسەپ يۈرسەم چىقتى ئاۋاز غىچچىدە .
ۋىسالىمغا يەتمەك ئۈچۈن سەكپارە ،
ئېيتە جېنىم دەسسەلگەن شۇ قار سەنمۇ؟

**6**

# ھەسرەتلەرگە بولمىدىم تەسلىم

باقمەن خىيالچان يىراققا ئۈنسىز،
دىلىمدا ھۆكمىران پايانسىز ھەسرەت.
ھاياتتا ئۆزەمنى قىلمەن ئىنكار،
تەقدىرىم شۇمۇ دەپ ئاھ-زارىم شىددەت.

چېھرىمدىن يوقالغان ئىللىق تەبەسسۇم،
زۇلمەت ھېس قەلبىمگە بولدى ھۆكمىران.
غىرىپلىق قاپلىغان ۋۇجۇد قەسرىمنى،
چۈشەنمەس دەردىمنى ئۆزگە بىر ئىنسان.

ئاشۇنداق ئۈمۈتسىز يۈرگەن كۈنلەردە،
ئۇچرىدى ئالدىمغا مېيىپ بىر ئىنسان.
قارايتى دۇنياغا شۇنچە ھېرىسمەن،
شۇ نۇرلۇق كۆزلىرى ئۈمۈتكە تولغان.

ئاددىيلا بىر يايما ئاددىيلا تۇرمۇش،

ئۇنىڭغا بىر كۆرگەن بولىدۇ تۇنۇش.
مېھرلىك قەلبىگە تولغان مۇھەببەت،
كېرەككەن ھاياتتا شۇكۇرلۇك بولۇش.

قەلبىمنى لەرزىگە سالغان شۇ سىما،
قارايتتى بارچىگە يەنىلا كۈلۈپ.
نىمگە نارازى بولاي ساق تۇرۇپ،
كەتتىمغۇ خىجىللىق تەكتىگە چۆكۈپ.

قەلبىمدە پارلىدى يېڭى بىر ئۈمىد،
بولمۇدۇم شۇندىنلا ھەسرەتكە تەسلىم.
ھېسلىرىم قايتىدىن باردى جانلىنىپ،
ئويلىسام ئەسلىدە جەسۇرتى ئەسلىم.

ھېسلىرىم ئاققانچە تۇمۇرلۇرۇمدا،
كۆرۈندى كائىنات باھاردەك گويا.
شۇندىلا چۈشەندىم سىناقلار بىلەن،
قىلاركەن ھەر ئىنسان شۈكرە ئىقتىدا.

**7**

## شئىر ئەسلى شائىرنىڭ يېشى

نەملەنمەستىن شائىرنىڭ كۆزى،
شئىر بولۇپ ئاقتى كۆز يېشى.
سۆكۈت ئىچرە پۈتۈلدى مىسرا،
شئىر ئەسلى شائىرنىڭ يېشى.

ئاقتى ئازاب ئاچچىق تولغۇنۇپ،
شائىر يېشى گۈزەل شئىر بولۇپ.
ھەسرەتلەردىن چىقماس يۇلغۇنۇپ،
شئىر ئەسلى شائىرنىڭ يېشى.

تەنھالىقتىن پۈتىدۇ پارچە،
سۆيگۈ پىنھان ئۇندا ئۆزگىچە.
تۆكىلىدۇ تاڭلار ئاتقۇچە،
شئىر ئەسلى شائىرنىڭ يېشى.

# 8

## كەل

كەل چەككىنە دېرىزەمنى يار،
چىقالمايمەن كىرەلمەيسەن ھەم.
مەيلى چاقىر سەۋداللەرچە،
تەشنالىقىڭ تۆكۈلسۇن بىردەم.

كەل ئىسىممنى چاقىرغىن ئۈنلۈك،
بۇرانلارغا بەرمە قاچۇرۇپ.
كۆۋرىۋالاي سىنى پىنھاندا،
ھەسرىتىمنى كەتسۇن باسۇرۇپ.

كەل! چىقمىغىم بولسىمۇ گۇمان،
ئاشىقلىغىم ئايانغۇ ساڭا.
تۇتالمايمەن قۇلۇڭنى، ىبراق..
روھىي مەدەت بۇلىدۇ ماڭا.

كەل جىسمىمدا قالمىدى مادار،
كۆرىۋالاي ئاخىرقى بىر رەت.

بىر كەم دۇنيا ئىكەن بۇ شۇنداق،
ئامان بولغىن يايرىم خەيرىيەت

# 9

## بىلمەيسەن

بىپەرۋاسەن بۇ ھالىمنى بىلمەيسەن،
باغرىم شۇنچە كاۋاپ بولدى بىلمەيسەن.
قاياشلىرىم ھالىم سۇراپ كەلگەندە،
كۆز - ياشلىرىم جاۋاپ بولدى بىلمەيسەن.

ئوخلىتالماس ئۇزۇن كىچە ئەللىيى،
يۇلتۇزلارغاچۆچەك ئېيتتىم بىلمەيسەن.
يامغۇر ياغدى ئاسمىنىمدا سىنىڭسىز،
يۈرۈگۈمدە چاقماق چاقتى بىلمەيسەن.

ئاھلىرىمنى مەجەسسەملەپ ھەسرەتكە،
شاماللاردىن سۇندۇم ساڭا پۈرسەتتە.
سەنمۇ مىنى يادلا ھەرچاغ قەلبىڭدە،

بەختىمۇ شۇ تەختىمۇ شۇ بىلمەيسەن.

**10**

## قارارىڭغا ئىلتىماسىم يوق

ئايرىلايلى دىگەن سۆزۈڭنىڭ،
ئاخىرىغا ئۇلانغان ئۆندەش.
ھۇجۇدۇمدا ئەگىدى سۇئال،
ئاھ! بۇ كىچە كۆڭلۈم بەكمۇ غەش.

سۆيگۈ سوراپ كەلگەنمۇ ئۆزۈڭ،
مانا بۈگۈن قارارىڭ ئېنىق.
سىزىپ قالدىم قاراشلىرىڭدا،
ۋاپاسىزلىق رەڭلىرى قېنىق.

ئاچچىق كۈلدۈم ئۆزۈمگە تالاي،
مەندىن نىمە ئۆتتى خاتالىق؟
شۇمۇ سىنى بىزار قىلغىنى،
ساپ قىزلارچە شەرمى ـ ھايالىق.

ئويلۇنۇشقا ئەمدى ئىمكان يوق ،
شۇ سۆزلىرىڭ ئېيتىلغان بىر ئوق.
پاسبانى ۋىجدان قەلبىمنىڭ،
قارارىڭغا ئىلتىماسىم يوق.

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى
ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار : يانغىن ، تاڭ شامىلى

www.yanghin.net www.yanghin.cn
kitab@yanghin.net admin@yanghin.net